## 134163 ـ بوۋاق تۇغۇلغاندا تاتلىق، تۆرۈم نەرسىلەرنى تارقىتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

بوۋاق تۇغۇلغاندا تاتلىق، تۆرۈم نەرسىلەرنى تارقىتىش كاپىرلارغا ئوخشاپ قالغانلىق بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بوۋاق تۇغۇلغاندا خوشاللىق ۋە خۇرسەنلىكنى ئىزھار قىلسا ۋە تاتلىق تۆرۈم نەرسىلەرنى تارقاتسا بولىدۇ، بۇ مۇسۇلمانلار ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا بۇرۇندىن تارقالغان ئادەتتۇر، بۇ كاپىرلارغا ئوخشاپ قالغانلىق ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئەمەس.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن بىر ئايال: "بىزنىڭ ئادىتىمىزدە بوۋاق تۇغۇلۇپ مېڭىشنى باشلىغاندا، مۇشۇ مۇناسىۋەتلەر بىلەن خوشنىلار چاقىرىلىدۇ، بۇ ئادەت بولمىغان مۇناسىۋەت دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، مۇشۇ مۇناسىۋەتتە بوۋاقنىڭ ئانىسى خۇرسەنلىك ۋە خۇشاللىقنى ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭ مېڭىشىدىن ياخشى بىشارەت ئېلىپ ئۇنىڭ بېشىدىن تاتلىق۔ تۆرۈملەرنى چاچىدۇ، بۇ شەكىلدىكى مۇراسىملار شۇنىڭدەك پەرزەنتلەر مەكتەپتە ئۇتۇق قازانغاندا ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. دەپ سورىغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇنداق پائالىيەتلەر ئەگەر ھارام ئىشلار ۋە خاتا ئېتىقادنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسا، بۇنىڭدىن خۇرسەن بولسا بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئىنسان تەبىئىتى خالايدىغان تەبىئي ئىشلاردىن بولۇپ، مەن بۇنى خاتا دەپ قارىمايمەن". ["پەتىۋا سۇلاسىيە"].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.